


# «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ)** پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيەنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مۇھىم، زور مەسىلە تەتقىق قىلىنىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى.

«قارار»دا دۆلىتىمىز ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتا دۇچ كەلگەن مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرى چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى ۋە كەلگۈسى يۈزلىنىشى ئىزاھلاندى. مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ باش نىشانى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى يادرولۇق مەسىلە ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، بازارنى بايلىق تەقسىملەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىتىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش.

«قارار»دا ئىسلاھات ئاساسىي لىنىيە قىلىنىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش يېڭى تەدبىرلىرى گەۋدىلەندۈرۈلدى، مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلار گەۋدىلەندۈرۈلدى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يېتەكچىلىك رولى گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ پائال، پۇختا بولۇش، ئىلمىي پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان ـ ۋەزىپىسى، مۇھىم، زور پىرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ئومۇلۇغۋار پىلانى، يېڭى مەنزىلى، يېڭى نىشانى سۈرەتلەپ بېرىلدى، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى ھۆكۈمى، يېڭى تەدبىرى توپلاندى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيەۋى ئورتاق تونۇشى ۋە ھەرىكەت ئەقىل ـ پاراستى مۇجەسسەملەندى.

مەزمۇن قۇرۇلمىسى جەھەتتە، «قارار»دا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم، زور مەسىلە تۇتقا قىلىنىپ، ماددا بويىچە پىلان تۈزۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا، جەمئىي 16 قىسىم بولۇپ، ئۈچ چوڭ بۆلەككە بۆلۈندى. 1 ـ قىسمى ئومۇمىي بايان بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، يېتەكچى ئىدىيەسى، ئومۇمىي تەپەككۇر يولى ئاساسلىق بايان قىلىندى. 2 ـ قىسىمدىن 15 ـ قىسىمغىچە 2 ـ بۆلەكنى تەشكىل قىلغان تارماق بايان بولۇپ، ئاساسلىقى ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەدىن ئىبارەت ئالتە جەھەتتىن ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلىرى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىندى. 16 ـ قىسمى 3 ـ بۆلەكنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى پارتىيەنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش بايان قىلىندى.

«قارار»دا ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم نۇقتىسى، ئالدىن تەرتىپى، ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى، خىزمەت مېخانىزمى، ئالغا سىلجىتىش ئۇسۇلى ۋە ۋاقىت جەدۋىلى، يول خەرىتىسى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىسلاھات نەزەرىيەسى ۋە سىياسىتىدە بىر قاتار يېڭى، مۇھىم، زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، بۇ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى يەنە بىر قېتىملىق ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرما، ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بولۇپ، جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا مۇھىم، زور ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

# ساياھەت كەسىپ ھالىتىنى بېيىتىش كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## ■ «ساياھەت +»كە يېڭى زېمىن «قوشۇلدى»

12 ـ ئاي كىرەي دەپ قالدى، چاقىلىق ناھىيەسىگە جايلاشقان ئالاغان ئائىلە ئاپتوموبىلى لاگېرىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ پەسەيگەنىدى. «كېلەر يىلى بىز سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئائىلە ئاپتوموبىلى ساياھەتچىلىرىنى بۇ يەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلىمىز» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شىنجاڭ ئالاغان ساياھەت مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لىۇ پېڭ.

2015 ـ يىلى ئائىلە ئاپتوموبىلى لاگېرى ئېچىلىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالغاندىن بۇيان، لاگېر تەمىنلىگەن ساياھەت تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، قۇملۇق دالا ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتى، تارىخ ـ ئادىمىيەت خارابىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ساياھىتى، تەبىئىي مەنزىرىنى ھېس قىلىش ساياھىتى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇ يىل يەنە تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقى ساياھىتى كىرگۈزۈلدى. بۇ تۈرلەر ئەمەلىيەتتە «ساياھەت + مەدەنىيەت» «ساياھەت + تەنتەربىيە» «ساياھەت + ئاۋىياتسىيە»دۇر، بۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگىنى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش مىقدارىنىڭ يىلمۇيىل ئېشىشى بولۇپ، دەسلەپتىكى ھەر يىلدىكى 1000 ئادەم قېتىم ئۆپچۆرىسىدىن بۇ يىلقى 8000غا يېقىن ئادەم قېتىمغا كۆپەيدى.

«ساياھەت +» كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ چەكسىز بوشلۇقىنى بارلىققا كەلتۈردى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دۇەن شۆپىڭ «ساياھەت +»نىڭ نەتىجىلىرىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدۇ: «بۇ يىل بىز ساياھەت ۋە تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ‹ساياھەت + مەدەنىيەت› ‹ساياھەت + تەنتەربىيە› ‹ساياھەت + يېزا ـ كەنت› قاتارلىقلارغا تۈرتكە بولۇپ، كۆپ خىل ساياھەتچىلىكنىڭ يېڭى كەسىپ ھالىتىنى يېتىلدۈردۇق».

بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، قاراماي ـ چۆچەك تۆمۈريولىدا رەسمىي قاتناش باشلاندى، «ساياھەت + قاتناش» تارباغاتاي ساياھەتچىلىكىگە تېخىمۇ زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى، «قاراماي ـ چۆچەك تۆمۈريولىدا كۈنىگە نەچچە مىڭ ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇلىدۇ، ‹پويىزغا ئولتۇرۇپ تارباغاتاينى ساياھەت قىلىش› ئەڭ قارشى ئېلىنىدىغان ساياھەت يېڭى مەھسۇلاتىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ يىل شىنجاڭغا، تارباغاتايغا سەككىز قېتىم ساياھەت مەخسۇس پويىزى كەلگەن بولۇپ، 5000دىن ئارتۇق ئادەم قېتىم ساياھەتچى توشۇلدى؛ ياردەمگە ئېرىشكەن جايدىكى ساياھەتچىلەر مەخسۇس پويىز ئارقىلىق لياۋنىڭغا ئۈچ قېتىم توشۇلغان بولۇپ، 2000غا يېقىن ئادەم قېتىم ساياھەتچى توشۇلدى» دېدى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چېي خۇڭخۋا تونۇشتۇرۇپ.

## ■ «بىر پەسىل ساياھىتى»دىن «تۆت پەسىل ساياھىتى»گە قەدەم قويۇش

شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدە ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قىشلىق، ئەتىيازلىق ساياھەت كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلاش ئاچقۇچتۇر. بۇ يىل، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار قىشلىق، ئەتىيازلىق ساياھەتچىلىكنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان قىشلىق، ئەتىيازلىق باش تېمىلىق ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى سىستېمىلىق پىلانلاپ، قىشلىق، ئەتىيازلىق ساياھەتچىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدە «كاسات پەسىلدە كاساتلاشماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ ئون سەرخىل لىنىيەنى، 439 تۈرلۈك قىشلىق، ئەتىيازلىق ساياھەت پائالىيىتىنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ساياھەت كارخانىلىرىنى ساياھەتچىلەرنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بەس ـ بەستە تۈرلۈك ساياھەتتە ئېتىبار بېرىش، مۇكاپاتلاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىش، مەخسۇس پويىز، چوڭ تىپتىكى ئۆمەك تەشكىللەش قاتارلىقلارنى مۇكاپاتلايدۇ...

پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بەس ـ بەستە ھەرىكەتكە كەلدى. بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدا، ئالتاي ۋىلايىتى 40 نەچچە تۈرلۈك قىشلىق ساياھەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ؛ ئۈرۈمچى شەھىرى «ساياھەت + قار شادلىقى + مەدەنىيەت + ئېسىل تائام + كۆرگەزمە» باش تېما قىلىنغان 60 نەچچە تۈرلۈك قىشلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتىنى تەشكىللەيدۇ؛ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى 100 نەچچە تۈرلۈك قىشلىق، ئەتىيازلىق مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتىنى ئۆتكۈزىدۇ؛ بايىنغولىن ئوبلاستى 34 تۈرلۈك قىشلىق، ئەتىيازلىق مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ ھەم قىشلىق، ئەتىيازلىق ساياھەت ئېسىل لىنىيەسىنى ئاچىدۇ، ئېسىل تائاملار مەدەنىيەت ساياھىتى، تارىخنى ھېس قىلىش ساياھىتى، قىزىل مۇزېي ساياھىتى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرىدۇ؛ خوتەن ۋىلايىتى «خوتەن كوئېنلۇن تېغىغا چىقىش قەھرىمانلار يىغىلىشى» پىيادە تاغقا چىقىش پائالىيىتى، ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش ساياھىتى باش تېما پائالىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزىدۇ، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرمۇ بىر قاتار مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قىش پەسلىدە تىيانشاننىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى قاپلىغان مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتى قىزىپ كەتكۈسى.

## ■ كۆپ نۇقتىدىن كۈچەپ، ساياھەتچىلىكنى زورايتىش، كۈچەيتىش

بۇ يىل 9 ـ ئايدا، قاراماي شەھىرىنىڭ كوچا ياقىسىدىكى بەزى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا «قورۇ ئىچىدە ھاجەتخانا بار، سىرتقا ئېچىۋېتىلدى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكىلار پەيدا بولدى. بۇ شەھەردىكى 60 ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ قورۇسىدىكى ھاجەتخانىلار سىرتقا ھەقسىز ئېچىۋېتىلدى.

«بۇ، شەھىرىمىزنىڭ ساياھەت ئاممىۋى مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى نامايان قىلدى.» قاراماي شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى خې جياڭ شۇنداق بىلدۈردى.

ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى «ساياھەت +»نىڭ كۈچ قوشۇشىغا موھتاج، ھالبۇكى پۈتكۈل جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم ساياھەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان يۇغۇرما تەرەققىيات ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم.

بۇ يىلدىن بۇيان، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى مەۋقەنى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ساياھەت باھاسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق فۇنكسىيەلەرگە قويۇپ، ئالتە تۈرلۈك تەدبىر ئارقىلىق ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچەپ تۈرتكە بولدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ساياھەت پائالىيەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ يول بويىدىكى بەلگە، بەلگە سىزىقى، يول يوشۇرۇن خەۋپىنى بىرلىكتە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ تۈزەشنى كۈچەيتىپ، تاشيول ھاياتلىق بىخەتەرلىكى مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدىكى ئالاقىدار تەلەپلەر بويىچە، يول قاتناش بىخەتەرلىكى ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يول قاتناش ھادىسىلىرىدىن مەنبەدىن مۇداپىئەلىنىش لىنىيەسى قۇردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ قاتناش تورى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ساياھەت + قاتناش»نىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» قاتارلىق مەسىلەلەرنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىپ، قاتناشنىڭ ساياھەتكە مۇلازىمەت قىلىش ئۇنىۋېرسال سەۋىيەسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى ساياھەتكە ئىشلىتىلىدىغان يەر قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەنتەربىيەگە مەسئۇل تارماقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، تەكلىماكاننى ئايلىنىش ئاپتوموبىل رالىي مۇسابىقىسى قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك «تەنتەربىيە + ساياھەت» پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، تېز سۈرئەتتە مۇز تېيىلىش، دالىدا قار تېيىلىش، ئېگىز تاغدا تېز تېيىلىش قاتارلىق تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى يۆلەش، كېڭەيتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزگىچە قار ـ مۇز پائالىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى...

«ھەممەيلەن شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ ئوبراز ئەلچىسى، ھەممەيلەن شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ قوشقۇچى»دەك ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە.




# جۇ جيۈن: خەلق ساقچىلىرىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئالتۇن قالقان شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكۈچى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چۆچەك، 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جوۋ ۋېنتاۋ)** چۆچەك شەھىرى چيەنجياڭ رايونىغا جايلاشقان چوڭ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇجيا مىللىتىدىن بولغان مۇنداق بىر ئىنقىلابىي قەھرىمان چىققان — ئۇرۇش يىللىرىدا، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان؛ تىنچلىق مەزگىلىدە، ئۇ بىر تەرەپنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەملىكىنى قوغداپ، شەرەپ بىلەن خەلق ساقچىلىرىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئالتۇن قالقان شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن، ئۇ دەل يولداش جۇ جيۈن.

جۇ جيۈن 1916 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1927 ـ يىلى قىشتا چيەنجياڭ ناھىيەلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. ياشلىق دەۋرىدە، ئۇ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئىنقىلابىي مۇقەددەس جاي يەنئەنگە پاناھلىق ئىزدەپ بارغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنقىلاب يولىغا قەدەم قويغان.

1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شىئەن 8 ـ ئارمىيە ئىش باشقارمىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، جۇ جيۈن شەنشى ئۆلكىسى ئەنۋۇباۋ ياشلارنى تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتناشقان، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1940 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، جۇ جيۈن يەنئەنگە يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان، كېيىن ئەنۋۇباۋ ياشلارنى تەربىيەلەش كۇرسىدا كاتىپ، ئەترەت باشلىقى، يەنئەن ياش كادىرلار مەكتىپى ئومۇمىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ جىداۋيۈەنى، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى تۇز ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ دىڭبيەندە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى، سەنبيەن شۆبە رايونى ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ رازۋېدچىكى، بۆلۈم باشلىقى، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ كاتىپى، خۇاڭلۇڭشەن رايونلۇق ھەربىي سىياسىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە تايانچ كادىرلار چوڭ ئەترىتىنىڭ جېڭۋېيى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شەنشى ئۆلكىلىك كومىتېتى جەمئىيەت بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، قوشۇمچە مۇھاپىزەتچىلەر يىغىنىنىڭ جياۋداۋيۈەنى، شۆبە ھەربىي رايونى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

يەنئەندىكى مەزگىلدە، جۇ جيۈن يەنە يەرلىك مەھسۇلات شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇقى ھەم سەيبېي زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن ھەم پارتىزانلىق ئۇرۇشقا قاتناشقان. 1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسىنىڭ شىفۇغا ھۇجۇمغا ئۆتۈش سەپىرىدە، 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شۈنيى ناھىيە بازىرى ۋە جىتيەن، تەيىۋ، جاڭخۇڭ قاتارلىق بازارلارنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، دۈشمەننىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى تىرىك ئەسىرگە ئالغان، 250 نەچچە ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. گۇەنجۇڭ ئامانلىق ساقلاش شۆبە باشقارمىسى جۇ جيۈن، جاڭ يۈ ۋە غەربىي سەپتىكى كادىرلاردىن ۋەن شىجيې، ياڭ خاۋ ھەم شۆبە باشقارما مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن جەڭگە قاتنىشىشقا ئەۋەتكەن. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، تاشقى مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، يىپ ئۇچى ئىزدەپ تېپىپ، دۈشمەن ئىشپىيونلىرىنى تۇتقان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۈشمەن تەرەپتىن ھاكىم جىن بىڭجيا، جۇڭتۇڭنىڭ تېلېگراممىا تەرجىمە قىلغۇچىسى تيەن بىڭدۇ، پىرقە بۆلۈم شۇجىجاڭى گو شياڭتاڭ ۋە ئىشپىيونلاردىن پۇ رۇيچاڭ، ۋاڭ يۇچى، دياۋ جىيى ھەمدە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ دۇەنفۇ قاتارلىقلارنى قولغا ئالغان، زور تۈركۈمدىكى ھۆججەت، ماتېرىيال ۋە ماددىي ئەشيا، قورال ـ ياراغلارنى ئولجا ئالغان. كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر قىسىم بىلەن بىللە بىنشيەننى ئازاد قىلىشقا بارغان، قېپقالغان كىشىلەر ئىشپىيونلارنى سوراق قىلىپ، شەھەر تەرتىپىنى تۈزگەن ھەم ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىگە ياردەملىشىپ، شۈنيى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە جاڭخۇڭ ساقچىخانىسىنى قۇرۇپ تاكى خىزمەتلەر نورماللاشقىچە ئىشلىگەن.

بېيپىڭ تىنچ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، جۇ جيۈن بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 3 ـ باشقارمىسى ئامانلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1949 ـ يىلى، ئۇ يەنە جەنۇبقا يۈرۈپ گۇاڭدۇڭغا بېرىپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئامانلىق باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى، گۇاڭجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1952 ـ يىلى، گۇاڭجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن نەمۇنىچى دەپ نام بېرىلگەن، يەنە خۇانەن كىمىسازلىق زاۋۇتىنىڭ مۇۋەققەت پارتكوم شۇجىسى بولغان. بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن، جۇ جيۈن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى بىرىنچى خەلق ساقچىلىرى كادىرلار مەكتىپى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1962 ـ يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بېيجىڭ سىياسىي ـ قانۇن شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىقى پىلانلاش ـ لايىھەلەش يۇرتى پارتگورۇپپىسىنىڭ گورۇپپا باشلىقى، جىلىن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1982 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، جۇ جيۈنگە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن خەلق ساقچىلىرىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئالتۇن قالقان شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن، 1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇ جيۈننىڭ يۇرتى چۆچەك چيەنجياڭدا، قەھرىماننىڭ روھى كۈچلۈك ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئۆزگىرىپ، شۇ جايدىكى كادىرلار، ئاممىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ساقلاپ تۇرماسلىق، تايىنىۋالماسلىق غەيرىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرماقتا، نامرات تاغلىق رايوننىڭ قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىرمەكتە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)